# قەبرىدىكى نېمەت ۋە ئازابنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېيت قەبرىگە قويۇلغاندا قەبرىگە كۆك كۆز قارىماتاق ئىككى پەرىشتە كىرىدۇ، ئۇنىڭ بىرى مۇنكەر يەنە بىرى نەكىر دېيىلىدۇ، ئۇلار مېيىتتىن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى مەقسەت قىلىپ: بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ دەپ سورايدۇ، مۇسۇلمان دۇنيادا دېگەندەك: ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق مەئبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەدئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ، ئۇ ئىككى پەرىشتە: سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ قەبرىسى ھەر تەرەپكە يەتمىش گەزدىن كېڭەيتىلىدۇ، قەبرىنىڭ ئىچى نۇرغا تولۇپ يوپ-يورۇق بولىدۇ. ئۇ كىشىگە: ئارام ئېلىپ ئۇخلا دېيىلىدۇ، ئۇ كىشى: مەن دۇنياغا قايتىپ ئائىلەمدىكىلەرگە ئەھۋالىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر قىلاي، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ مېنىڭ ئەھۋالىمدىن قايغۇرمىسۇن دەيدۇ. ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭغا: ئۆز مەشۇقىدىن باشقا كىشى ئويغاتمايدىغان يېڭى ئۆيلەنگەن يىگىتتەك ئارام ئېلىپ ئۇخلا دەيدۇ، ئۇ كىشى ئاللاھ قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قوزغىغانغا قەدەر شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلايدۇ. ئەگەر قەبرىگە قويۇلغان مېيت مۇناپىق بولسا: بىلمەيمەن، مەن كىشىلەرنىڭ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، مەنمۇ شۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ئوخشىشىنى دېگەن ئىدىم، دەيدۇ، ئىككى پەرىشتە: بىز سېنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دەيدۇ، زېمىنغا: ئۇنى سىققىن دېيىلىدۇ، زېمىن ئۇنى چىڭ سىقىپ قوۋۇرغىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۆتەشتۈرىۋېتىدۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنى شۇ جايدىن قوزغىغانغا قەدەر، شۇ ئازاب بىلەن ئازابلىنىدۇ
[[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)]
[[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

مېيت قەبرىگە قويۇلغاندا قەبرىگە كۆك كۆز قارىماتاق ئىككى پەرىشتە كىرىدۇ، ئۇنىڭ بىرى مۇنكەر يەنە بىرى نەكىر دېيىلىدۇ، ئۇلار مېيىتتىن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى مەقسەت قىلىپ: بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ دەپ سورايدۇ، مۇسۇلمان دۇنيادا دېگەندەك: ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق مەئبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەدئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ، ئۇ ئىككى پەرىشتە: سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ قەبرىسى ھەر تەرەپكە يەتمىش گەزدىن كېڭەيتىلىدۇ، قەبرىنىڭ ئىچى نۇرغا تولۇپ يوپ-يورۇق بولىدۇ. ئۇ كىشىگە: ئارام ئېلىپ ئۇخلا دېيىلىدۇ، ئۇ كىشى: مەن دۇنياغا قايتىپ ئائىلەمدىكىلەرگە ئەھۋالىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر قىلاي، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ مېنىڭ ئەھۋالىمدىن قايغۇرمىسۇن دەيدۇ. ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭغا: ئۆز مەشۇقىدىن باشقا كىشى ئويغاتمايدىغان يېڭى ئۆيلەنگەن يىگىتتەك ئارام ئېلىپ ئۇخلا دەيدۇ، ئۇ كىشى ئاللاھ قىيامەت كۈنى قەبرىدىن قوزغىغانغا قەدەر شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلايدۇ. ئەگەر قەبرىگە قويۇلغان مېيت مۇناپىق بولسا: مەن كىشىلەرنىڭ ئۇ مۇھەممەدئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، مەنمۇ ئاشۇنداق دەيمەن، ئۇ ھەق پەيغەمبەرمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ بۇنى بىلمەيمەن دەيدۇ. ئىككى پەرىشتە: بىز سېنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دەيدۇ، زېمىنغا: ئۇنى ناھايىتى چىڭ سىققىن، قىستىغىن دېيىلىدۇ، زېمىن ئۇنى بەك چىڭ سىقىپ ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۆتەشتۈرىۋېتىدۇ، زېمىنىنىڭ بەك چىڭ سىقىشى بىلەن قوۋۇرغىلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ، بەدەنلىرى ئۇۋۇلۇپ، بىر بىقىنى يەنە بىر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنى شۇ جايدىن قوزغىغانغا قەدەر ئاشۇ ئازاب بىلەن ئازابلىنىدۇ

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee